# رامىزان روزىسىنى ئاغزاكى نىيەت قىلىش بىدئەتتۇر

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2012 - 1433

IslamHouse.com

# ﴿التلفظ بالنية في الصيام بدعة﴾

« باللغة الأويغورية »

اللجنة الدائمة للبحوث العلمية والإفتاء والدعوة والإرشاد

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2012 - 1433

IslamHouse.com

رامىزان روزىسىنى ئاغزاكى نىيەت قىلىش بىدئەتتۇر

37643- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

بىز ياشاۋاتقان رايوندا، رامىزان روزىسىنى تۇتقاندا:«ئى ئاللاھ! مەن سەن ئۈچۈن روزا تۇتتۇم، مىنىڭ ئىلگىرکى ۋە كىيىنكى گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈم قىلغىن» دەپ نىيەت قىلىمىز. بىز بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچىسىنى بىلمەيمىز. بىزنىڭ بۇ شەكىلدە نىيەت قىلغىنىمىز توغرىمۇ؟ توغرا بولسا، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇڭلار، ئەگەر توغرا بولمىسا قۇرئان-ھەدىستە كۆرسىتىلگەن توغرا شەكىلدىكى نىيەت قىلىشنى تەلىم بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز؟.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

رامىزان روزىسى ياكى باشقا ئىبادەتلەر بولسۇن نىيەتسىز توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «ھەقىقەتەن ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ، ھەربىر ئىنسان

ئۇچۇن نىيەت قىلغىنى بولىدۇ......» [بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

پەرز روزا تۇتۇشنىڭ نىيىتى تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى يەنى بامداتنىڭ ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن بولىشى كىرەك، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دىگەن: «كىمكى بامداتتىن بۇرۇن نىيەت قىلمىسا، ئۇ كىشىنىڭ روزىسى روزا بولمايدۇ.» [تىرمىزىي رىۋايىتى] نەسائىينىڭ رىۋايىتىدە: «كىچىدە روزا تۇتۇشنى مەقسەت قىلمىغان كىشىنىڭ روزىسى روزا ئەمەس» دىيىلگەن. [تىرمىزى رىۋايىتى، بۇ ھەدىسنى ئالبانى سەھىھ دەپ قارىغان].

ھەدىسنىڭ مەزمۇنى: كىمكى روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىپ، كىچىدىن تارتىپ روزا تۇتۇشقا كەسكىن ئىرادە قىلمىغان كىشىنىڭ روزىسى روزا بولمايدۇ، دىگەننى ئىپادىلەيدۇ.

نىيەت قىلىش قەلبنىڭ ئىشى بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى چىن قەلبىدىن، مەن ئەتە روزا تۇتىمەن دىگەننى ئىرادە قىلىدۇ. ساغلام كۆزقاراشلارغا ئاساسلانغاندا نىيەتنى ئاغزاكى دىيىش شەرئەتتە يولغا قويۇلمىغان. "روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىمەن" ياكى "مەن كەسكىن روزا تۇتىمەن" دىگەندەك ئاتالمىش نىيەت قىلىش

ئۇسۇللىرى كىشىلەر تەرىپىدىن  پەيدا بولغان ئەسلى يوق ئىشلاردۇر.

توغرا نىيەت قىلىش ئۇسۇلى بولسا: مەن ئەتە روزا تۇتىمەن دەپ قەلبىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە روزا تۇتۇشقا كەسكىن ئىرادە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ «ئىختىيارات» ناملىق ئەسىرىنىڭ 191-بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "ئىنسانىنىڭ قەلبىگە مەن ئەتە روزا تۇتىمەن دىگەن تۇيغۇ كەلسە، ئۇ كىشى روزا تۇتۇشنى نىيەت  قىلغان بولىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى ئالىملىرىدىن، ئىنسان رامىزان روزىسى ئۈچۈن قانداق نىيەت قىلىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «رامىزاننىڭ ھەر كېچىسىدە روزا تۇتۇشنى كەسكىن ئىرادە قىلىدۇ، مانا بۇ ئۇ كىشىنىڭ روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىشىدۇر». دائىمىي كومىتېت پەتىۋالار توپلىمى 10-توم 246-بەت.

توغرىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.